سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# مېڭىش تەس سىچۈەن يوللىرىدىكى زور ئۆزگىرىش

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

1952 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، غەربىي جەنۇب ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى خې لۇڭ چېڭدۇ ۋوگزالىدا ئۆتكۈزۈلگەن چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ تۆمۈريولىدا قاتناش باشلىنىش مۇراسىمىدا قىزىل يىپەك لېنتىنى كۆچەپ كەستى، بۇ، «سىچۈەن يوللىرىدا مېڭىش تەس بولۇش» تارىخىنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

«سىچۈەن يوللىرىدا مېڭىش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس». دۆلىتىمىز چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپ سىچۈەندە تۆمۈريول ياساشنى پىلانلاشقا باشلىغان، مىنگو دەۋرىدىمۇ بىرنەچچە قېتىم پىلانلىغان، لېكىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر، سىچۈەن ـ چۇڭچىڭ كەڭ زېمىنىدا يەنىلا بىر سۇك رېلىسمۇ يوق ئىدى.

1950 ـ يىلى چېڭدۇ، چۇڭچىڭ ئازاد بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، مەركەز چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ تۆمۈريولىنى ياساشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، ئازادلىق ئارمىيەنىڭ 30 مىڭدىن ئارتۇق ئوفىتسېر ـ ئەسكىرى تېخى تارقىلىپ كەتمىگەن ئۇرۇش ئىس ـ تۈتەكلىرى ئىچىدە يول ياساش جېڭىگە ئاتلاندى. ئارقىدىن، تۆمۈريول بويىدىكى دېھقانلارمۇ بەس ـ بەستە يول ياساش چوڭ قوشۇنىغا قاتناشتى.

چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ تۆمۈريولىدا قۇرۇلۇش باشلانغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق شپالنىڭ يوقلۇقى ئىدى. بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، نەچچە ئون ناھىيە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى تەقدىم قىلىش، سېتىپ بېرىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ تۆمۈريولىغا كېرەكلىك رېلىس ۋە زاپچاسلارنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەلۇم پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى ياساپ چىقتى. رېلىس مىخى، ئاچال ۋە بەزى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى چۇڭچىڭدىكى 400دىن ئارتۇق خۇسۇسىي پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى ئۈستىگە ئالدى. 100 مىڭ كىشىلىك ئەمگەك چوڭ قوشۇنىغا كېرەكلىك قورال ـ سايمانلارنى چۇڭچىڭدىكى ئالاقىدار زاۋۇتلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ھۆددە ئېلىپ ياسىدى. ئىلگىرى تۆمۈريولدا ئىشلىتىلىدىغان پوروخ ئامېرىكىدىن سېتىۋېلىناتتى، غەربىي جەنۇبتىكى زاۋۇتلار ئۆزلىرى ياسىيالايدىغان بولدى. پۈتۈنلەي ئۆز دۆلىتىنىڭ سايمانلىرى بىلەن تۆمۈريول ياساش دۆلىتىمىزنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشى تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى.

چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ تۆمۈريولىنىڭ ياسىلىشى، شۇ جاينىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. ئىشتىن توختىغان، ئىشتىن يېرىم توختىغان نۇرغۇن زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلدى، ئىشسىز قالغان ئىشچىلار خىزمەت تاپتى، نامرات دېھقانلار ياغاچ ماتېرىياللىرىنى تەقدىم قىلىش، سېتىش، يول ياساشقا قاتنىشىش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن، لىنىيە بويىدىكى خەلق ئۆزىنىڭ تۆمۈريولىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان، يول ياسايدىغان خەلق ئىشچىلىرى تۆمۈريول ئۈچۈن تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ مۇلازىمەت قىلىدىغان بولدى. خەلق ئىشچىلىرى: «مەن ياسىغان يول ئۇلى ئۈستىدە پويىز ھادىسىسى چىقماسلىققا كاپالەتلىك قىلىمەن!» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. يول بويىدىكى دېھقانلار يول ئاسراش ئەترىتى تەشكىللىدى، نۇرغۇن ئايال يېرىم كېچىدىمۇ يەنىلا لىنىيەدىكى يولنى قوغداپ چارلايدىغان بولدى.

چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈپ قاتناش باشلىنىشى يېڭى قاتناش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈپ، شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، سودا ـ سانائەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، غەربىي جەنۇبنىڭ سانائەتلىشىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يول ھازىرلىدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەنتىمىزدىكى بىر ياشانغان كىشى پات ـ پات كېلىپ يوقلاپ تۇراتتى.» راھىلەمخان مۇنداق دېدى: دەل ئاشۇ كىشى مېنىڭ قىسقا يەڭلىك مايكا كىيىۋالغانلىقىمنى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن ماڭا بۇنداق كىيىنسىڭىز «مۇسۇلمانچە ئەمەس» دېگەن.

دەل مۇشۇ «ياۋا ئاخۇن» ياش راھىلەمخاننى نىقابلىق كىيىم كىيىشكە مەجبۇر قىلغان. ئاشۇ يىللاردا، ئەتراپتىكى نۇرغۇن ئادەم نىقابلىق كىيىم كىيەتتى، راھىلەمخانمۇ ئاستا ـ ئاستا مۇشۇنداق قىلىشنى توغرا دەپ قارىغان. بىر ئىشتا باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرگەندە، ھەممە ئىشتا پەرقلەندۈرمەيلا تولۇق قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن، مەسىلەن: ئاياللار يۈزىنى ئوچۇق قويماسلىقى، يەنە ئىشلەپ پۇل تاپماسلىقى كېرەك، چۈنكى «مۇسۇلمانچە ئەمەس».

ئېرىدىن ئازراق پۇل ئېلىپ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلگەندىن باشقا، راھىلەمخان ئاساسەن دېگۈدەك ئۆيىدىن چىقمايتتى. 2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئانا تەرەپ تۇغقانلىرى ئۇنى كۆرۈپ بەكلا ھەيران قالدى: سەن كېسەل ئادەملەردەك بولۇپ قاپسەن، ئازراقمۇ روھلۇق كۆرۈنمەيسەنغۇ؟ تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا ناھىيەدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلدى.

تەربىيەلەش مەركىزىدە بىر مەزگىل ئۆگىنىش ئارقىلىق، راھىلەمخان پۈتۈنلەي يېپيېڭى ئۆزىنى بايقىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگەندىم، بىر قىسىم مالىيە باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئىگىلىدىم، قانۇن ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۈرۈۋالدىم، بولۇپمۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زىيىنىنى ئېنىق تونۇۋالدىم».

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، راھىلەمخان گەپدان، خۇش چاقچاق بولۇپ كەتتى، يەنە ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىنىۋالدى. «مەن ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلىنى ئويناپلا قالماي، زامانىۋى ئۇسسۇلمۇ ئوينىيالايمەن» دېدى راھىلەمخان ياپراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

راھىلەمخاننىڭ ئېرى ئېزىز بەيدۇللا ئىلگىرى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئۆي جاھازلىرى ئۇششاق تىجارىتى قىلاتتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نىمكەش ماللار بازىرىدىن مال ئېلىپ كېلىپ ساتاتتى، ماللىرىنىڭ باھاسى ئەرزان، پايدىسى ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىگە بېرىپ كېلىشتىكى قاتناش ھەققى ۋە ماللارنىڭ توشۇش ھەققىنى چىقىرىۋەتكەندە، كۆپ پۇل تاپالمايتتى.

بولتۇر ياز پەسلىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندا، راھىلەمخان تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، كېرىيە ناھىيەسىدىكى سانائەت باغچە رايونىدا بىر كىچىك تاللا بازىرى ئاچتى. ئۇ تاللا بازىرىنى ناھايىتى ئېپچىللىق باشقۇردى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىمۇ ئاشتى.

يەنە بولتۇر يازدا، ئېزىزمۇ دۇكىنىنى كېڭەيتىشنى، يېڭى مەھسۇلات سېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن دوستلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. «كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى دۇكان ئىجارىسى، ئادەم كۈچى تەننەرخى بەك يۇقىرى، ياخشى قىلالمىساڭ زىيان تارتىسەن دېيىشتى» دېدى ئېزىز. بۇ ۋاقىتتا، راھىلەمخان ئېرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن، بۈگۈنكى 2000 كۋادرات مېتىرلىق چوڭ دۇكان بار بولدى.

### ■ دۇكان تىجارىتى قىزىپ كەتتى

راھىلەمخان مۇخبىرنى باشلاپ دۇكاننى زىيارەت قىلغۇزدى، 1 ـ قەۋەتتە ھەر خىل ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، 2 ـ قەۋەتتە ئۆي جاھازلىرى بولۇپ، ئالىي، ئوتتۇرا ھال، تۆۋەن دەرىجىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. «ئەسلىدىكى نىمكەش ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئۆي جاھازلىرى دۇكىنىمدىكى ئەڭ قىممىتى 1000 يۈەن ئۆيچۆرىسىدىكى كونا توڭلاتقۇ ئىدى، ھازىر دۇكىنىمىزدا 25 مىڭ يۈەنلىك ھاۋا تەڭشىگۈچ بار.» بۈگۈنكى كۈندىكى راھىلەمخان دۇكاننىڭ مالىيە ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان بولۇپ، تۈرلۈك ماللارنى پىششىق بىلىدىكەن.

راھىلەمخان مۇنداق دېدى: بۇ دۇكان خوتەن شەھىرىدىكى بىر كارخانا بىلەن پاي قوشۇپ تىجارەت قىلىدىغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئايرىم ـ ئايرىم 50% مەبلەغ چىقارغان، ئەينى چاغدا تەربىيەلەش مەركىزى ۋە مەھەللىنىڭ ياردىمىدە بانكىدىن 350 مىڭ يۈەن قەرز ئالدۇق، تىجارەت قىلغان بىر يىلدىن بۇيان 200 مىڭ يۈەن قەرزنى قايتۇرۇپ بولدۇق. ھازىر دۇكاندا 25 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولۇپ، خادىملار، مالىيە ئىشلىرى باش دۇكاننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن قاتتىق باشقۇرۇلىدۇ، يەنە باش دۇكاننىڭ تۈرلۈك سېتىشنى تېزلىتىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىمىز.

«بىز بىر مەزگىل ئۆتكەندە بىر قېتىم سېتىشنى تېزلىتىشنى يولغا قويۇپ، خېرىدارلارنى جەلپ قىلىمىز.» راھىلەمخان مۇنداق دېدى: يېڭى دۇكان تىجارەت باشلىغاندىن بۇيان، سېتىشنى تېزلىتىش مۇكاپات بۇيۇمىدىنلا نۇرغۇنى سوۋغا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھاۋا تەڭشىگۈچ، كىرئالغۇ قاتارلىق چوڭ نەرسىلەر بار، يەنە توك قازان قاتارلىق كىچىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىمۇ بار. لېكىن ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەڭ مۇھىمى خېرىدارلارغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىش ئىكەن، دۇكاندا مال يەتكۈزۈش ئاپتوموبىلىدىن ئۈچى بار بولۇپ، خېرىدارلارغا ئىشىك ئالدىغىچە مال يەتكۈزۈپ بېرىلىدىكەن، يەنە مەخسۇس رېمونت قىلىش ئەترىتى بار ئىكەن.

دۇكاندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن يەتتىسى نامرات ئائىلىدىن ئىكەن. ئاينۇر مەسۇم كىچىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى رايونىنىڭ خېرىدار باشلىغۇچىسى، شۇنداقلا دۇكاندىكى مۇنەۋۋەر خېرىدار باشلىغۇچى بولۇپ، ھەر ئايلىق ئىش ھەققى 3000 يۈەنگە يېقىن ئىكەن. «يېڭى كەلگەندە، راھىلەمخان ماڭا خېرىدارلارغا مەھسۇلاتلارنى قانداق تونۇشتۇرۇشنى، قانداق تونۇشتۇرۇپ سېتىشنى ئۆگەتتى. خىزمەت بىلەن پىششىق تونۇشقاندىن كېيىن، مېنىڭ نەتىجەم بارغانسېرى ياخشى بولدى، تاپقان پۇلۇم بارغانسېرى كۆپەيدى» دېدى ئۇ.

سېتىش زالىنىڭ مۇدىرى مەمەت بارات راھىلەمخان بىلەن ئوخشاش پاسوندىكى خىزمەت فورمىسى كىيگەن، خىزمەت ئىزنىكىمۇ تاقىۋالغانىدى. «شىركەتنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى چىڭ بولۇپ، خىزمەت ئىزنىكىنى تاقىمىساق 50 يۈەن تۇتۇۋالىدۇ.» ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: مەنمۇ ئىلگىرى نامرات ئائىلىدىن ئىدىم، ھازىر مۇقىم خىزمىتىم ۋە كىرىمىم بار بولدى، تۇرمۇشۇم بارغانسېرى ياخشىلاندى.

كۆپچىلىك ھەممىسى راھىلەمخانغا ناھايىتى قايىل، چۈنكى ئۇ پۇتۇڭخۇانى ياخشى سۆزلەيدۇ، بازارغا بولغان سەزگۈرلۈكى يۇقىرى، يەنە مالىيە باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالىنى ئىشلىتىشنى پىششىق بىلىدۇ. «بۇ يۇمشاق دېتال ئارقىلىق 20دىن ئارتۇق سۈپەتلىك ماركىدىكى 2000دىن ئارتۇق تاۋارنى باشقۇرىمەن، تالون كېسىش، مال كىرگۈزۈش ـ چىقىرىش، مالىيە كىرىم ـ چىقىمى، خېرىدارلار ئۇچۇرى قاتارلىقلارنى بىر قاراپلا چۈشىنىمەن» دېدى راھىلەمخان. يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىشنى ئىگىلەشكە راھىلەمخان جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى، تەربىيەلىنىش مەزگىلىدە ئۇ ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەچكە، ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالدى.

### ■ ئۈمىدكە تولغان تۇرمۇش كەچۈردى

«راھىلەمخان ھازىر ھەم چىرايلىق، ھەم ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، بىز ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىمىز» دېدى ئېزىز چىن قەلبىدىن. راھىلەمخانمۇ ئالدىراش يۈرۈشنى ياقتۇرىدۇ، ھەربىر كۈننى ناھايىتى مەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ.

«دەسلەپتە دۇكاننى كېڭەيتكەندە، سىز نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئىشەنچكە تولغان ئىدىڭىز؟» دەپ سورىدى مۇخبىر. راھىلەمخان مۇنداق دېدى: تەربىيەلەش مەركىزىدە مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئۆگىنىپ، يۇرتۇمنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىنى ئەڭلىدىم، دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرى چىرايلىقلاشتى، ئۆيلىرىمۇ چوقۇم شۇنىڭغا ئەگىشىپ گۈزەللىشىدۇ، ئۆي جاھازلىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىغا بولغان ئېھتىياجمۇ جەزمەن ناھايىتى زور بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، دۇكاننىڭ سېتىش ئەھۋالى ئۇنىڭ ھۆكۈمىنى ئىسپاتلىدى. بۇ يازدا، ھاۋا تەڭشىگۈچ ئەڭ ياخشى سېتىلدى، نۇرغۇن دېھقان تاللاپ سېتىۋېلىشقا كەلدى، ھازىرغا قەدەر 200 نەچچىسى سېتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا دېھقانلارنىڭ ئەڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنلەردىن توك قازان ۋە تولۇق ئاپتوماتىك كىرئالغۇ بار، ئوتتۇرا ھال دەرىجىلىك ئۆي جاھازلىرىنىڭ سېتىلىشىمۇ خېلى ياخشى.

مۇخبىر بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، راھىلەمخاننىڭ يان تېلېفونىدىن ئاۋازلىق ئەسكەرتىش ئۈزۈلمىدى، ئۇ سانائەت باغچە رايونى تاللا بازىرىنىڭ ئۈندىدارىدا پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ئەسكەرتمىسى ئىدى. يېڭى دۇكان رەسمىي تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈن زېھنىنى بۇ يەرگە سەرپ قىلىپ، تاللا بازىرىنى خىزمەتچىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئىلگىرى ئىشلىتىدىغان يان تېلېفونى 100 نەچچە يۈەنلىك نىمكەش تېلېفون ئىدى، ھازىر ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون ئۇنىڭ خەۋەر كۆرۈش، توردىن مال سېتىۋېلىش، كىنو كۆرۈشىدىكى ياخشى ياردەمچىگە ئايلاندى، ئۇ مۇخبىرغا يان تېلېفونىغا قاچىلىغان دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىش ياردەمچىسى APP سىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ قويدى، ھەر كۈنى ئۇ باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان ئوغلى بىلەن بىرلىكتە ئۆگىنىدىكەن.

«ئىلگىرى بەك خۇنۇك ياشاپتىكەنمەن، ھازىر بىلسەم تۇرمۇش نەقەدەر مول، رەڭدار ئىكەن!» دېدى راھىلەمخان يان تېلېفونىنى كۆتۈرگىنىچە چىن قەلبىدىن سۆزلەپ. توردىن مال سېتىۋېلىش تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇنىڭ قىزىقىشى كۈچەيدى، گەپ قىلىش سۈرئىتىمۇ تېزلەشتى، ئەسلىدە ئۇ ۋە خىزمەتچىلەر كىيگەن خىزمەت فورمىسىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ توردىن تاللاپ سېتىۋالغانىدى.

بۈگۈنكى راھىلەمخان ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۇل تېپىشتىنمۇ مۇھىم بولغىنى بىلىم ئېلىش بولۇپ، ۋاقتى چىقسىلا ئوغلى بىلەن بىللە كىتابخانىغا بېرىپ كىتاب كۆرۈپ، كىتاب سېتىۋېلىپ، بالىسىغا پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. «سىز مېنىڭدىن قانداق تۇرمۇشنىڭ ياخشى تۇرمۇش ئىكەنلىكىنى سورىسىڭىز، مېنىڭچە ھازىرقى تۇرمۇشۇم ئەڭ ياخشى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مېنى ئۈمىدكە تولغان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنلىكىگە رەھمەت» دېدى راھىلەمخان ھاياجانلانغان ھالدا.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يوشۇرۇن ئۇرۇش سېپىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى ـ پەن خەننيەن



**پەن خەننيەننىڭ سۈرىتى. (ماتېرىيال سۈرەت) □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چيۇ بىڭچىڭ)** جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ يىشىڭ شەھىرى لۇپىڭ كەنتىدىكى پەن خەننيەننىڭ ئەسلى تۇرالغۇسىغا كىرگەندە، پەن خەننيەننىڭ يېرىم بەدەن مىس ھەيكىلى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىدۇ. كۆرگەزمە زالىدا، ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى بەزى تەستىقىي ھۆججەتلەر ۋە شېئىر ئارگىنالى قاتارلىقلار تىزىلغان، 200 پارچىگە يېقىن سۈرەت، تېكىست پەن خەننيەننىڭ پۈتۈن ھاياتىنى نامايان قىلغان.

پەن خەننيەن، 1906 ـ يىلى جياڭسۇ يىشىڭدا تۇغۇلغان، 1925 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. پارتىيەمىزنىڭ يوشۇرۇن ئۇرۇش سېپى، مەدەنىيەت سېپى ۋە بىرلىك سېپىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەن خەننيەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا، پارتىيە تاپشۇرغان مۈشكۈل ۋەزىپىلەرنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلغان ھەم كۆپ قېتىم قالتىس تاماملىغان، دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى ۋە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ھەم ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، كۆپ قېتىم پارتىيە ئۈچۈن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئاخباراتنى قولغا كەلتۈرگەن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

يەر ئىنقىلابىي ئۇرۇشى مەزگىلىدە، پەن خەننيەن مەركىزىي سوۋېت رايونىغا بېرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن جياڭشى سوۋېت رايونىدىكى پارتىيەنىڭ مەركىزىي بيۇروسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، جەنۇبىي جياڭشى ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1933 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، پەن خەننيەن مەركىزىي سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، فۇجيەنگە بېرىپ 19 ـ ئارمىيە بىلەن سۆھبەتلىشىپ، «ياپونغا قارشى، جياڭ جيېشىغا قارشى دەسلەپكى كېلىشىم»نى ئىمزالىغان، كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 19 ـ ئارمىيەدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولغان. 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، پەن خەننيەن مەركىزىي قىزىل ئارمىيەگە ئەگىشىپ ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان.

1936 ـ يىلى، پەن خەننيەن مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، «سابىق جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭى»لىق سالاھىيىتى بىلەن، موسكۋادا گومىن ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى دېڭ ۋېنيى بىلەن ئۇچرىشىشى قىزىل ئارمىيەنىڭ بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى بىلدۈرۈپ، 2 ـ قېتىملىق گومىنداڭ ـ كومپارتىيە ھەمكارلىقى سۆھبىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان. شىئەن ۋەقەسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، پەن خەننيەن پارتىيەمىزنىڭ ئالاقىلەشكۈچىسى ۋە سۆھبەت ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن، نەنجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئالاقە باغلاپ، شىئەن ۋەقەسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، پەن خەننيەن شاڭخەي، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردا ياپون قورچاق ئارمىيەسىگە قارىتىلغان ئاخبارات خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغان. تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلاش ئالدىدا، ياپون قورچاق ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئاخباراتقا ئېرىشكەن ھەم شاڭخەيدىن خۇەيىەن، شىمالىي جياڭسۇدىكى ئازاد رايونلارغىچە بولغان يەر ئاستى قاتناش لىنىيەسىنى بەرپا قىلغان، «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى»دىن كېيىن مۇھىت ناچارلاشقان ئەھۋالدا، شاڭخەي ۋە ئازاد رايونلاردىكى خادىملار ۋە ماددىي ئەشيالار ئالاقىسىگە كاپالەتلىك قىلغان.

ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، مەركەز خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ئېچىش چاقىرىقىنى چىقارغان. پەن خەننيەن مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، پىلانلىق، مۇددەتكە ئايرىپ، تۈركۈمگە ئايرىپ شياڭگاڭدا تۇرۇپ قالغان لى جىشېن، شېن جۈنرۇ، خۇاڭ يەنپېي، ما يەنچۇ، گومورو قاتارلىق زور تۈركۈم دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلاردىكى زاتلار ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلارنى ئازاد رايونغا قوغداپ ئاپىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتناشتۇرغان.

1949 ـ يىلى ئەتىيازدا، پەن خەننيەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بايلىق كومىتېتى قوزغىلىڭىنى تەشكىللەپ، قوزغاپ، زور تۈركۈم تېخنىك خادىملار، بايلىق ۋە ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى مۇكەممەل قوغداپ قالغان. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتكەن: «ناھايىتى خۇشال بولدۇم. بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈڭلار».

1949 ـ يىلى، پەن خەننيەن جۇڭگو ئاۋىياتسىيە شىركىتى ۋە مەركىزىي ئاۋىياتسىيە شىركىتى قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. ئۇ شياڭگاڭدا جۇڭگو ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ليۇ جىڭيى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئىجابىي باھا بېرىپ، ئۇلارغا ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ بېرىپ، قوزغىلاڭنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ھەم قوزغىلاڭنىڭ كونكرېت تەپسىلاتلىرىنى ئەتراپلىق پىلانلىغان. 1949 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئىككى ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ خادىملىرى شياڭگاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى جاكارلىغان، ئارقىدىنلا 12 خەلق ئاۋىياتسىيەسى ئايروپىلانىنى بىخەتەر بېيجىڭ ۋە تيەنجىنگە ئۇچۇرۇپ بېرىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ خەلق ئاۋىياتسىيە ئىشلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەن خەننيەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى شەرقىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم جەمئىيەت بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، شاڭخەي شەھىرىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1977 ـ يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

پەن خەننيەن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، يەرلىك پەن خەننيەننىڭ ئەسلى تۇرالغۇسىدا خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، پەن خەننيەننىڭ شېئىرلىرى، خەت ـ چەكلىرى قاتارلىق قول يازمىلىرىنى ئاساس قىلىپ، خەتتاتلىق ئىجادىيىتى ئۆتكۈزدى، ئەسەرلەر پەن خەننيەننىڭ ئەسلى تۇرالغۇسىغا تىزىلدى، خەتتاتلىق سەنئىتى شەكلى ئارقىلىق ئۇنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي روھىغا ۋارىسلىق قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)